

شىنجاڭ ئەنئەنىۋى شىنجاڭ ئەنئەنىۋى
新疆古代建筑艺术

# ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

# 伊斯兰教建筑艺术





艾山·阿不都热衣木

# 伊斯兰教建筑艺术

新 疆 人 民 出 版 社

# 伊斯兰教建筑艺术

艾山·阿布都热衣木编

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂制版印刷
787×1092毫米　16开本　11.5印张　2插页
1989年10月第1版　1990年8月第1次印刷
印数：1－1,000册

ISBN7－228－00983－5/J·57　定价：25.00元

ھەسەن ئابدۇرېھىم

# ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



قەشقەر ھېيتكاھ جامە چوڭ دەرۋازا
ۋە پەشتاق مۇنارى

喀什艾提尕尔清真寺大门和塔楼



قەشقەر ھېيتكاھ جامە مەسچىت تاش-
قارقى مېھراب ۋە چاساخا تورۇس

喀什艾提尕尔清真寺外殿圣龛和藻井彩画

يەكەن جامە مەسچىت چوڭ دەرۋازا
ۋە پەشتاق

莎车加曼清真寺大门和门楼外景






此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com




莎车加曼清真寺顶棚藻井彩画



يەكەن جامە مەسچىت چاساخا تورۇس


سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى
مەسچىت چاساخا تورۇس

苏里唐·苏吐克·博格拉汗麻扎
清真寺藻井彩画



قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىت چا-
ساخا تورۇس

喀什艾提尕尔清真寺顶棚藻井彩画






ئاپپاق خوجا مازىرى چوڭ دەرۋا-
زىسى ۋە ئېگىز مەسچىت
阿帕克霍加麻扎大门和高清
真寺前景

ئاپپاق خوجا مازىرى چوڭ دەرۋازا
مۇنارى ۋە كاھىش
阿帕克霍加麻扎大门塔顶和琉璃砖








ئاپپاق خوجا مازىرى ئېگىز مەسچىت
چاساخا تورۇس
阿帕克霍加麻扎高清真寺
顶棚藻井彩画




ئاپپاق خوجا مازىرى ئېگىز مەسچىت
ۋە چوڭقۇر مەسچىت مۇنارى

阿帕克霍加麻扎高清真寺和
低清真寺塔楼




苏公塔外景 سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى






تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ۋە رەڭ-
لىك كاھىش

吐虎鲁克·铁木儿汗麻扎及琉璃砖




غۇلجا خۇيزۇ مەسچىت دەرۋازىسى ۋە
پەشتاق مۇنارى
伊宁回族清真寺大门和邦克楼



مەھمۇد قەشقەرى مازىرى سىرتقى
كۆرۈنۈشى
马赫穆德·喀什噶里麻扎外景





يەكەن ئالتۇنلۇق مازار گەج نۇيما
نەقىش بىلەن بېزەلگەن قەبرە
莎车阿勒屯鲁克麻扎石膏花装饰墓

ئاپپاق خوجا مازىرى قەبرىگاھى
سىرتقى كۆرۈنۈشى

阿帕克霍加麻扎主墓室外景



ئاپپاق خوجا مازىرى قەبرىگاھى ئىچ-
كى كۆرۈنۈشى

阿帕克霍加麻扎主墓室内部墓群



ئاپپاق خوجا مازىرى قەبرىگاھى رەڭ-
لىك كاھىش


阿帕克霍加麻扎彩色琉璃砖

خوجا مۇھەممەت شەرىپ مازىرى
تىلاۋەتخانا ئىچكى كۆرۈنۈشى


霍加穆罕默德·谢里甫麻扎祈祷室内景









ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى سىرتقى
كۆرۈنۈشى
阿布都热合曼王麻扎外景



بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى ئالدى تمك
يۈزى رەڭلىك كاھىش
白依斯·哈克木伯克麻扎正面琉璃砖



بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى ئالدى تمك
يۈزى ۋە مۇنار رەڭلىك كاھىش
白依斯·哈克木伯克麻扎正面和
塔身琉璃砖




بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى سىرتقى
كۆرۈنۈشى
白依斯·哈克木伯克麻扎外景




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

خوجا مۇھەممەت شەرىپ قەبرىگاھى ئىچكى كۆرۈنۈشى


霍加穆罕默德·谢里甫墓室内景





بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى ئىچكى كۆرۈنۈشى

白依斯·哈克木伯克麻扎内景



بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى كاھىش بىلەن بېزەلگەن قەبرە

白依斯·哈克木伯克麻扎琉璃砖装饰墓

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى — زېمىنى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە رايون. بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك ھەر مىللەت خەلقى بۇ بىپايان، مۇنبەت زېمىندا جاپالىق ئەمگەك ۋە يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مول ماددىي، مەنىۋى بايلىق ياراتتى ۋە ئېسىل ئەنئەنە، پارلاق مەدەنىيەت-سەنئەت خەزىنىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋە جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراس. ئۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش سەۋىيىسى، دىنىي ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى تارىخى، پەن-مەدەنىيىتى، ھۈنەر-سەنئىتىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەلىم-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ھازىرقى زامان بىناكارلىق سەنئىتى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھىلەش، گۈزەل-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدە ساقلانغان قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسى ئىنتايىن مول. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قەدىمكى ئىمارەتلەرنى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1953-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قۇرۇلغاندىن كېيىن كەسپىي قوشۇن تەشكىللەپ، شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسىگە نىسبەتەن مەدەنىي يادىكارلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تارىخىي ۋە بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە بەلگىلىك ئىلمىي قىممىتىگە ئىگە قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئەپسۇسكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، كۆپ ساندىكى قەدىمكى ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ خارابىسى ئەكسىيەتچى «سول»چىل لۇشيەننىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. بىر قىسىم قەدىمكى ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي بۇزۇپ تۈزلىۋېتىلدى. قەدىمكى ئىمارەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قەدىمكى ئىمارەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى پىلانلىق ئاساستا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشقا تولۇق شەرت-شارائىت يارىتىلدى.

مۇزېيىمىز 1983-يىلدىن 1985-يىلغىچە ئۈچ يىل مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئىمارەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خارابىسىنى ئومۇميۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈش، ئىلمىي ماتېرىيالنى يىغىپ توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئويۇشتۇردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى»نىڭ بىرىنچى قىسمى «ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى»نى نەشرگە تەييارلىدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسمىنى بۇددا دىنى ۋە لاما دىنى ئىبادەتخانا بىناكارلىقى، قەدىمكى شەھەر ۋە ئولتۇرۇشلۇق قورۇ-جاي بىناكارلىقىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا داۋاملىق نەشرگە تەييارلايدۇ.

«شىنجاڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى» شىنجاڭ رايونىدا ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئالاھىدىلىكى ۋە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قەدىمكى ئىمارەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، فوتو سۈرەتلىرى، خەرىتىسى، نەقىش-بېزەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى مول، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك تارىخىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرى توپلىمى. ئۇ يالغۇز، شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى بىناكارلىق سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش، قەدىمكى ئىمارەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان بىناكارلىق نەزەرىيىسى ۋە بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىزنى بېيىتىش، يېڭى ئىمارەتلەرنى لايىھىلەش ۋە بىناكارلىق گۈزەل-سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى قايتا تەكشۈرۈش، ئۆلچەپ خەرىتىسىنى سىزىش، فوتو سۈرەتكە تارتىش، نەقىش-بېزەكلىرىنى توپلاش، رەتلەش خىز-


مىڭگە: ھەسەن ئابدۇرېھىم، چىڭ جىنگو، تۇرسۇن غازى، فىڭ فېي، ھاجى مەتمۇسا قاتناشتى. تەكشۈرۈش جەريانىدا قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايىتى، كۇچا، يەكەن، قورغاس ناھىيىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورۇنلىرى يېقىندىن قوللاپ ياردەم بەردى. تەكشۈرۈشتىن كېيىن ھەسەن ئابدۇرېھىم مەسئۇل بولۇپ، قايتا تولۇقلاپ رەتلەپ چىقتى ۋە نەشرگە تەييارلىدى.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوۋ ھاموت، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلەت ئابدىرىشىت قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. لياڭ شۆجۈڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى تەھرىرلىدى. چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

تەكشۈرۈش دائىرىسى كەڭ ۋە يازما تارىخىي ماتېرىياللار چەكلىك بولغانلىقتىن كىتابىمىز يېتەرسىزلىكلەردىن خالى بولالماسلىقى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىش ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي

1987 - يىلى، ئاپرېل.



# 前言

新疆维吾尔自治区地域辽阔，土壤肥沃，物产丰富，具有悠久的历史和优秀的文化传统。几千年来，勇敢、智慧的各族人民，在这块广袤丰饶的沃土上从事着辛勤劳动和创新活动，创造了丰富的物质和精神财富，积累了璀灿瑰丽的文化艺术宝藏，为中华民族的文化和世界文化作出了不朽的贡献。新疆古代建筑艺术是其中重要的组成部分。

新疆古代建筑艺术，是极其宝贵的历史文化遗产。它反映了新疆地区几千年来政治、经济概况，生产、生活水平，以及宗教、风俗习惯等。对研究新疆各个时期的历史、科学文化、工艺美术发展，进行历史唯物主义和爱国主义教育，设计具有地方特点和民族风格的新建筑，提高现代化建筑艺术水平和从事美术创作，都具有重要的历史资料价值。

新疆地下和地上保存的古代建筑和它的遗迹都很丰富。解放后，党和人民政府也十分重视古代建筑的重点保护和研究工作。一九五三年，自治区博物馆成立后，组织专业队伍，对新疆地区的古代建筑和它的遗址，进行了文物考古调查。许多具有历史和建筑艺术价值的古代建筑和它的遗址，被列为重点保护的历史、文物单位，并进行了修复。

可惜在『四人帮』肆虐的十年动乱时期，许多古代建筑和遗址，遭到破坏，一部分古建筑被毁掉。对古建筑进行保护，发表其研究文章已不可能了。党的十一届三中全会后，为古代建筑的保护和研究工作提供了良好的条件。

我馆从一九八三年到一九八五年，连续三年组织专门调查组，重新普查了新疆各地的伊斯兰教建筑和它的遗址，收集整理了有关科学资料，开展了研究工作，并在调查研究的基础上，编辑出版了 新疆古代建筑艺术 一书的第一册即《伊斯兰教建筑艺术》。同时第二册和第三册，拟在重新调查研究佛教和喇嘛教的庙宇建筑、古代城市建筑和居住建筑的基础上，陆续出版。

新疆古代建筑艺术 包括新疆地区古代建筑艺术的形成和发展，各个历史时期的特点，重点保护的古建筑的简历、布局、造型、结构、照片、图纸、装饰图案等，内容丰富，学术性强，是一部历史调查资料和研究资料的汇集。它不仅为新疆古代建筑艺术史的研究，古代建筑的保护和修复工作提供了第一手资料，而且对丰富当代建筑理论和建筑艺术知

识，从事新建筑设计和美术创作都具有很重要的参考价值。

参加新疆伊斯兰教建筑艺术的野外调查、摄影、测绘、图案收集和整理工作的有艾山·阿布都热衣木、成振国、吐尔逊·哈孜、冯斐、阿吉·买特穆沙等。在调查过程中，喀什、和田、吐鲁番、哈密地区，库车、莎车、霍城等县文物管理所给予了大力帮助和支持。调查结束后，由艾山·阿布都热衣木执笔重新整理、编写。

在编写过程中，自治区人民政府顾问依米诺夫·阿米提、自治区计委副主任阿布来提·阿布都热西提，提供了宝贵的意见和建议，梁学忠审校了汉文译稿，在此一并表示衷心的感谢。

由于调查工作量浩繁和历史文献资料有限，本书难免有不足之处，敬乞读者、专家给予指正。

新疆维吾尔自治区博物馆

一九八七年四月



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com